# ھەسەل ھەرىسى

سىلەر ھەممىڭلار ھەسەل ھەرىسى توغرىلىق بىلىسىلەر. بەزىلىرىڭلار ئۇنى قونچاق فىلىملەردە، ياكى تۇرمۇشتا ئەتراپىڭلاردا غوڭولداپ ئۇچۇۋاتقىنىنى كۆرگەن. لېكىن مەن تىكشىمەنكى سىلەرنىڭ ئۇلار توغرىسىدا بىلمەيدىغان نۇرغۇن ئىشلار بار.

يېقىندا دادام، ئانام ۋە مەن ئورمانلىققا ئايلانغىلى باردۇق. ئۇ يەردە ناھايىتى بەلەن ۋاقىتلارنى ئۆتكۈزدۇم. بىز ئۇ يەردە دەم ئېلىۋاتقان ۋاقىتتا بىر يېڭى دوست مېنى ناھايىتى خۇشال قىلدى. ئۇ ناھايىتى كىچىك ئىدى. مەن ئۇنى قەتئىي ئۇنتۇپ قالمايمەن.

سىز بەلكىم ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىدىن ھەيران قالغانسىز، شۇنداقمۇ؟ ئۇ بولسا سۆيۈملۈك ھەسەل ھەرىسى. ئۇ مەن تەرەپكە كېلىپ مېنىڭ ئەتراپىمدا بىردەم ئۇچتى. دەسلەپتە مەن ئۇنىڭ چېقىۋېلىشىدىن قورقتۇم چۈنكى ئۇ ماڭا بەك يېقىنلاشقان ئىدى. مەن «مېنى چاقما، مېنىڭ زەخمىلەنگۈم يوق» دېدىم . شۇ ۋاقىتتا ئىنتايىن بىر غەلىتە ئىش يۈز بەردى، ھەسەل ھەرىسى ماڭا سۆزلەشكە باشلىدى



**ھەسەل ھەرىسى:** مەن سىنى چاقمايمەن ، مەن پەقەت سەن بىلەن دوست بولۇشنى خالايمەن.

**ئۆمەر:** راستمۇ؟ مەن گېپىڭنى ئاڭلاپ بەك خۇشال بولدۇم.

**ھەسەل ھەرىسى:** مەن ئۆزۈمنى تونۇشتۇراي ، مەن بىر ئىشچى ھەرە، مەن ئاۋۇ دەرەخنىڭ غولىدىكى كۆنەكتە مىڭلىغان دوستلىرىم بىلەن تۇرىمەن.

**ئۆمەر:** ۋاھ! سېنىڭ شۇنداق كۆپ دوستلىرىڭ باركەن. سەن ۋە دوستلىرىڭ كۈنلىرىڭلارنى قانداق ئۆتكۈزىسىلەر ؟

**ھەسەل ھەرىسى:** بىز كۆنىكىمىزنى تازىلايمىز ، يېمەكلىكلەرنى يىغىپ ئۇنى كۆنىكىمىزگە ئەكېلىمىز ، شىلىمشىق ماددىلارنى ئىشلەپ چىقىرىپ، كۆنىكىمىزنى ئىسسىتىمىز ۋە ساقلايمىز.



كۆنەكتىكى بارلىق ھەرەلەرنىڭ ئوخشىمايدىغان خىزمىتى بار. بەزىلىرى ھەسەل ئىشلەپ چىقىرىدۇ، بەزىلىرى كۆنەكنى تازىلايدۇ، بەزىلىرى يېمەكلىك يىغىدۇ.

ئۆمەر: سىلەر بۇنچىۋالا ئىشلارنى قىلىپ ھارمامسىلەر ؟


ھەسەل ھەرىسى: ياق، بىز كۆنەكتىكى ھەرەلەر ئارىسىدا خىزمەتلەرنى تەقسىم قىلىۋالىمىز، مانا بۇ بىزنىڭ ھارماسلىقىمىزنىڭ سەۋەبى. مەسىلەن: بىر نەچچە كۈندىن بۇيانقى ۋەزىپەم ھەسەل ساقلايدىغان كۆنەك ياساش.

ئۆمەر: مەن بىر ئىشتىن داۋاملىق ھەيران قالىمەن، سىلەر قانداق تۇغۇلىسىلەر؟



ھەسەل ھەرىسى: سەن بەلكىم ئاڭلىغان بولۇشۇڭ مۇمكىن، ھەر بىر ھەسەل ھەرىسى توپىدا بىر ئايال پادىشاھ بولىدۇ . ئايال پادىشاھ بارلىق چىشى ھەسەل ھەرىلىرىدىن چوڭ بولىدۇ . پادىشاھ بەزى ۋاقىتلاردا تۇخۇملايدۇ ، لېكىن بىز تۇخۇمنى بىۋاستە بېسىپ ياتمايمىز. بۇ كىچىك تۇخۇملارنى لىچىنكا دەپ ئاتايمىز، بۇ لىچىنكىلارنىڭ كۆزى، قانىتى پۈتى يوق ھەممە بىرگە ئوخشىمايدۇ. ئۇلارنى بىرمەزگىل كۆنەك غۇزىسى ئوراپ تۇرىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئۇلار تولۇق يېتىلىپ غوزا ئىچىدىن ماڭا ئوخشاش بولۇپ نامايان بولىدۇ .

ئۆمەر: نېمە دېگەن ئاجايىپ! مىنىڭ يەنە بىر ئىشنى بىلىش ئارزۇيۇم بار، سىلەر كۆنەكنىڭلاردا شۇنداق كۆپ تۈرۈپ بىرەر تەرتىپسىزلىك چىقمامدۇ ؟

**ھەسەل ھەرىسى:** ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ. ئەكسىچە ھەقىقەتەن ياخشى تەرتىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان، مىڭلىغان ھەرىلەر بىرگە خىزمەت  قىلىسمۇ ئۇلاردا دەرىجىدىن تاشقىرى ماسلىشىش بار.

**ئۆمەر:** ئىنتايىن قىزىقارلىق ئىكەن! مەن يەنىلا بىر ئىشنى چۈشىنەلمىدىم ، سىلەر شۇنچە نۇرغۇن تۇرساڭلار، قانداق تەرتىپ ساقلايسىلەر ؟ دادام بىزنىڭ ئۆينىڭ باشلىقى ئۇ ئۆينىڭ تەرتىپىنى ساقلاش ئۈچۈن ئىنتايىن قىينىلىدۇ. لېكىن سەن ئۇنداق مەسىلە يوق دەيسەن.





ئۈستىدىكى رەسىمدىكىدەك ئايال پادىشاھ ھەرە كۆنەككە تۇغقان تۇخۇملار قۇرۇتلارغا ئوخشايدۇ. بۇ قۇرۇتلار ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بىلەن ئۆزگۈرۈپ ھەرە ھالىتىگە تەرەققىي قىلىدۇ. چوڭ رەسىمدە ئىشچى ھەرىلەر ئايال پادىشاھ ھەرەنى قوغداۋاتقانلىق كۆرۈنىشى .

ھەسەل ھەرىسى: سېنىڭ ھەيران قېلىشىڭ توغرا! مەن بىلىمەن ئالىملارمۇ بۇنىڭدىن ھەيران بولماقتا، ھەمدە تەرتىپ قانداق ساقلىنىدىغاندۇ ؟ دېگەن سوئاللارغا جاۋاب ئىزدەۋاتىدۇ. ھەربىر ھەسەل ھەرىسى ئۆزىنىڭ خىزمىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى قانداق بىلىدۇ؟ ھەمدە مۇشۇنچە نۇرغۇن ھەسەل ھەرىلىرى قانداق قىلىپ بىرگە ھەرىكەت قىلالايدۇ؟ مەن ساڭا ئەڭ ئېنىق جاۋابنى ئېيتىپ بېرەي: بىزنىڭ ھەممىمىزنىڭ مەلۇم ۋەزىپىمىز بار. بىز ئىنتايىن جاپالىق خىزمەت قىلىمىز، ھەمدە خىزمەتلىرىمىزنى قولىمىزدىن كېلىشىچە ياخشى ئىشلەيمىز. ھەمدە كۆنەكتىكى تەرتىپنى ھەرگىز قالايمىقان قىلمايمىز.

ھەسەل ھەرىسىنىڭ سۆزلىرىنى ھەيرانلىق بىلەن ئاڭلاۋاتقىنىمدا ئاپامنىڭ «ئۆمەر! ئۆمەر! نەدىسەن ؟ ماڭىدىغان ۋاقتىمىز بولدى» دەپ چاقىرغىنىنى ئاڭلىدىم.

ئۆمەر: ئاپام مىنى چاقىرىۋاتىدۇ . مېنىڭچە مەن قايتىدىغان بولدۇم. سەن بىلەن كۆرۈشكەنلىكىمدىن ئىنتايىن خۇشال مەن. ماڭا نۇرغۇن ئىشلارنى ئېيتىپ بەرگەنلىرىڭگە كۆپ رەھمەت.





ھەرەلەر قاناتلىرى بىلەن كۆنەكلەرنى يەلپۈۋاتىدۇ (سول)

ھەرىلەر دەرەخ غولىنى ئايلىنىۋاتىدۇ.(ئوڭ تەرەپتىكى رەسىم)

ئۇستىدە ئىشچى ھەرەلەرنىڭ كۆنەكتىكى لىچىنكىلارنى بېقىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنسىز.



**ھەسەل ھەرىسى:** مەنمۇ ھەم سىنىڭ ھەمراھ بولغىنىڭغا ئىنتايىن خۇشال . بەلكىم بىز يەنە كۆرۈشۈپ قېلىشىمىز مۇمكىن، قانداق كېلەر ھەپتە كېلەلەمسەن ؟ ئەگەر خالىساڭ مەن سىنى كۆنىكىمىزگە باشلاپ بېرىپ كۆنەكلەرنى كۆرستەي.

**ئۆمەر:** شۇنداق بولسا ناھايىتى ياخشى بۇلاتتى. لېكىن ئاتا  ئانام قوشۇلسىلا ئاندىن بۇ يەرگە كېلەلەيمەن ، ئەلۋەتتە .

**ھەسەل ھەرىسى:** بولىدۇ ، كېلەر ھەپتە كۆرۈشەيلى .

ئۇزۇنغا قالماي ئۆيگە قايتىپ كەلدۇق، مەن دادام ماڭا سوغا قىلغان ھايۋانلار قامۇسىنى ئالدىم. ھەمدە ۋاراقلارنى ئاقتۇرۇپ «ھەسەل ھەرىسى» دېگەن قىسمى تاپتىم. تۈنجى بولۇپ كۆزۈم چۈشكەن ئىش ھەسەل ھەرىسىنىڭ كىچىك رەسىمى بولدى. مەن كىچىك دوستۇم ھەسەل ھەرىسىنى ئەسلەپ قالدىم.

مەن كىتابنى ھەيرانلىق بىلەن ئوقۇشقا باشلىدىم. مەن ھەيرانلىق ئىچىدە ئوقۇۋېرىپ قانچىلىك ۋاقىتنىڭ ئۆتكىنىنىمۇ بىلمەي قاپتىمەن. ئاپام مىنىڭ ھۇجرامدا مۇشۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت نېمە ئىش قىلىدىغاندۇ دەپ مىنى ئىزدەپ ھۇجرامغا كىرىپتۇ. مەن ھاياجانلانغان ھالدا ئاپامغا ھەسەل ھەرىسى

توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىشكە باشلىدىم.



ئۆمەر: ئاپا، سىز ھەسەل ھەرىسىنىڭ كىشىنى ھەقىقەتەن مەپتۇن قىلىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ مەسىلەن: مەن سىزگە ئەڭ ئاخىرى ئوقۇغان ئىشنى ئېيتىپ بېرەي . سىز بەلكىم ئىشچى ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ كۆنەكنى تازىلايدىغانلىقىنى ئاڭلىغان بولۇشىڭىز مۇمكىن، ئۇ ھەرەلەر كۆنەكتە قۇرۇتلار يېتىلىپ قالدۇرۇپ كەتكەن زەررىچىلەرنى، كۆنەكتە ئۆلۈپ قالغان لېچىنكىلارنى، ھەمدە باشقا كۆنەككە تەۋە بولمىغان نەرسىلەرنى تازىلاپ تاشلىۋېتىدىكەن. ئۇلار كۆنەكتە بىرتەرەپ قىلىشقا تېگىشلىك چوڭ بىر ئىشقا دۇچ كېلىپ قالغان ۋاقىتتا قانداق قىلىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟

ئۇلار «ھەرە يېلىمى» دەپ ئاتىلىدىغان ماددا ئارقىلىق باكتېرىيىنىڭ كۆپىيىشىنى تىزگىنلەپ كۆنەكتىكى باشقا ھەرىلەرنىڭ ساغلاملىقىغا زىيان يېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىكەن. ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ. لېكىن «ھەرە يېلىمى » ۋىرۇسسىزلاندۇرىدىغان ماتېرىيال بولۇپ ، ئۇ باكتېرىيىلەرنىڭ كۆپىيىشىنى توسىدۇ. ئۇلار بۇ ماددىنى نەدىن تاپقانلىقىنى بىلەمسىز ئاپا؟ بۇ كىچىك جانىۋارلار خىمىيە توغرىسىدا شۇنچىلىك كۆپ نەرسىلەرنى قانداق بىلگەندۇ . مۇشۇ يەرگىچە ئوقاي ، ئۇلارنىڭ بۇ ماددىنى قانداق ياسايدىغانلىقىنى كېيىنچە ئېيتىپ بېرىمەن .





(سول) ئىشچى ھەرىلەر كۆنەكنىڭ بىخەتەرلىكىگە خەۋپ ئېلىپ كېلىدىغان ئۆلۈپ قالغان لىچىنكىلار ۋە ھەرخىل ئورگانىزملارنى بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل. (ئوڭ) ئىشچى ھەرەلەر ناتونۇش ھەرىنى كۆنەك سىرتىغا ئىتتىرىۋاتىدۇ.





**ئانا:** ھەرىلەر كىچىك بولسىمۇ ئىنتايىن ئەقىللىق جانىۋار ... لېكىن بۇ ئەقلىنى ئۇلارغىلا تەۋە دېيىش خاتا. ئۇلار قىلغان ھەربىر ئىشنى ئۇلارغا ئۆگەتىدىغان بىر ياراتقۇچى بار. مەنمۇ سەندەك ۋاقتىمدا ھەسەل ھەرىسى توغرىلىق كىتابلارنى ئوقۇشقا ئىنتايىن ئامراق ئىدىم. ئەگەر خالىساڭ داۋاملىق ئوقۇ. مەن ھەسەل ھەرىسى توغرىسىدا كۆپرەك بىرنەرسە ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىمەن ، ھەمدە سەن بىلەن بىرگە ئۆگىنىشنى خالايمەن.



ئاپام كەچلىك تاماق تەييارلىغىلى چىقىپ كەتتى. لېكىن سوئاللار بولسا ھازىرغىچە خىيالىمدىن كەتمەيتتى؛ ھەسەل ھەرىلىرى «ھەرە يېلىمى » دەپ ئاتىلىدىغان بۇ ماتېرىيالنى نەدىن تاپىدىغاندۇ ؟ ئۇلار قانداق قىلىپ ئۇنى قانداق ئىشلىتىدىغانلىقنى بىلۋالغاندۇ ؟ مەن ھەيرانلىق ئىچىدە ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردۇم.

رەسىمدە دەرەخ غوللىرىدىكى يېلىملارنى يىغىپ «ھەرە يېلىمى» ياساۋاتىدۇ..

كىتابتا ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ «ھەرە يېلىمىنى» قانداق ئىشلەپ چىقىرىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنىپتۇ. ئۇلار ئالدى بىلەن دەرەخ غوللىرىدىكى شىلىمشىق يېلىمنى ئاغزى بىلەن يىغىدىكەن . ئاندىن ئۇلار شۆلگەيلىرىنى يېلىمغا قېتىپ «ھەرە يېلىمى» ياسايدىكەن. ئاندىن ئۇنى كۆنەككە ئېلىپ كېلىپ پۇتلىرىدىكى ئالاھىدە خالتىلىرىدا ساقلايدىكەن .

ھەسەل ھەرىلىرى كۆنەكتىن ئېلىپ چىقالمىغان ھەرقانداق بىر نەرسىنى پۇت خالتىسىدا ساقلاپ قويغان «ھەرە يېلىمى» بىلەن ئوراپ قويىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ ماتېرىيالدا باكتېرىيە پەيدا بولماي زىيانسىز ماددىغا ئايلىنىدىكەن. بۇ بىر مۇمىيالاش مەشغۇلاتىغا ئوخشاپ قالىدىكەن.


لېكىن ھەسەل ھەرىلىرىگە كىم مۇشۇنداق ئۇسۇلنى ئۆگەتكەن . ئۇلار ھەرە كۆنىكىدىكى ئۆلۈپ قالغان ھەرە ۋە باشقا زىيانلىق ماتېرىياللارنى مۇشۇنداق بىرتەرەپ قىلىشنى قانداق بىلگەندۇ ؟ گەرچە مەن بۇ ئىشلارنى ئەمدىلا بىلگەن بولساممۇ؟ لېكىن بۇ ھاشاراتلار ئۈچۈن مۇنداقلا بىلىۋالىدىغان ئىش ئەمەس. مېنىڭ قىزىقىشىم بارغانسېرى ئېشىۋاتىدۇ. ھەسەل ھەرىلىرىمۇ ئىنسانلاردەك ئەخلاقلىقمىدۇ ؟

مەن يەنە تېخىمۇ كۆپ ماتېرىيال كۆرسەم بولغۇدەك. مەن ئۆز ئۆزۈمگە: «مەن ھازىرغىچە ھەسەل ھەرىلىرى توغرىسىدا ھېچنېمىنى بىلمەيدىغانلىقىمنى چۈشەندىم.» دىدى. ھازىرمۇ مەن جاۋاب تاپالمىغان نۇرغۇن سوئاللىرىم بار. لېكىن ئۇزۇنغا قالماي الله خالىسا سوئاللىرىمغا جاۋاب تاپىمەن. كىتابتا يەنە ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ قانداق ھەسەل ياسايدىغانلىقىمۇ تىلغا ئېلىنىپتۇ. مەن ھەسەلنى ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ ياسايدىغانلىقىنى ئاڭلىغان لېكىن مەن ئۇلارنىڭ ھەسەل كۆنەكلىرىنى قانداق ياسايدىغانلىقى توغرىسىدا ھېچ نېمىنى بىلمەيمەن. ھەتتا ئۇلارنىڭ ھەسەل كۆنەكلىرىنى ياسىغان ئۇسۇلىدا مۆجىزىلەرنىڭمۇ بارلىقىنى بىلمەيدىكەنمەن.

ھەرە كۆنەكلىرى بولسا ئالتە تەرەپلىك شەكىلدە ياسىلىدۇ. ھەسەل ھەرىلىرى كۆنەكنى ئۇۋىنىڭ ئۈستى تەرىپىدىن ياساشنى باشلايدۇ. ئۇلار بىرنەچچە نۇقتىدىن ئىككى ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنۈپ ئاستى تەرەپكە قاراپ ياساشنى باشلايدۇ. مەن ھەقىقەتەن گاڭگىراپ قالدىم؛ ئۇلار بىرنەچچە نۇقتىدىن باشلاپ ياسىغان كۆنەك قانداق قىلىپ ئوخشاش چىقىدۇ، لېكىن ھەرە كۆنىكىنىڭ تۇتۇشۇش نۇقتىسى كۆرسىتىپ بېرىلمىگەن تۇرسا.



مەن كۆپ قېتىم ئاپامنىڭ بىرەر نەرسە توقۇغىنىنى كۆرگەن، لېكىن ئۇ دائىم بىرتەرەپتىن باشلايتتى. مەن ھەرەلەرگە قاراپ ھەيران قالدىم، چۈنكى ئۇلار ئۈچ تەرەپتىن ياساشنى باشلىدى. ھەسەل ھەرىلىرى ئەڭ ياخشى ھېسابلاپ چىقىدىغان جانىۋارلار ئىكەن.



ئۆمەر ھەسەل ھەرىلىرىنى دوراپ ئوخشاش ئالتە تەرەپلىك سىزىپ باقتى، لېكىن ئۇ سىزغۇچ، ۋە بۆرجەكلىك سىزغۇچ دېگەندەك قۇراللارنىڭ ياردىمىسىز ، ھەسەل ھەرىلىرىدەك مۇۋەپپەقىيەتلىك سىزالمىدى . سىزمۇ بۇنى سىناپ باقسىڭىز بولىدۇ .  .

مەن قەغەز قەلەم ئېلىپ قەغەزنىڭ ئوخشىمىغان بۆرجەكلىرىدىن باشلاپ ئالتە تەرەپلىك سىزىشقا باشلىدىم. مەن بۇ ئالتە تەرەپلىكنى قەغەزنىڭ مەركىزىدە تۇتاشتۇرۇشنى ئويلاپ بۇلارنى ھېچقانداق سىزغۇچ، ئۈچتەرەپلىك سىزغۇچلارنىڭ ياردىمىسىز ۋە ھېسابلىماستىن سىزىشنى سىناپ باقتىم.



لېكىن ئۇزۇنغا بارماي بۇ بىر مۇمكىن بولمايدىغان مەشغۇلات ئىكەنلىكىنى ھىس قىلدىم. لېكىن ھەسەل ھەرىلىرى بۇنى قانداق قىلىدىغاندۇ؟ ئۇلار ئالتە تەرەپلىك كۆنەكلەرنى قانداق قىلىپ ئەڭ ياخشى ھالەتتە ياساپ چىقىدىغاندۇ ؟

مىنىڭ دىققەت نەزىرىمنى تارتقىنى ھەبىر ھەرە ياساۋاتقان كۆنەكنى ئۆلچەملىك تۇتاشتۇرىدۇ . ئۇلارنىڭ خىزمەتلىرىنىڭ تەپسىلاتىنى ئۇزۇنغا قالماي چۈشۈنىۋالىسىز . ھەسەل ھەرىلىرى كۆنەكنى باشقا، باشقا بۆرجەكلەردىن ياساشنى باشلايدۇ، كۆپىنچە ھەرىلەر گۇرۇپپىلارغا قوشۇلۇپ ھەممە تەرەپتىن قۇرۇلۇشنى





ھەسەل ھەرىلىرى كۆنەكلىرىنى ياساۋاتقاندا ئۇلارنىڭ تۇتاشمىغان نۇقتىدىن باشلاپ ياسىشى نامايان بولىدۇ . كۆنەكلەر بولسا خۇددى بىر ئادەم ياسىغاندەكلا ئىنتايىن ئوخشاش ياسىلىدۇ. ھەسەل ھەرىسىنىڭ كۆنەكنى ئوخشىمىغان بۆرجەكتىن باشلاپ ياسىشى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ.





مەن يەنە كىتابنىڭ ھەسەل ھەرىسىنىڭ ھەسەل ياساش تېخنىكىسى دېگەن بۆلۈكىنىمۇ ئوقۇدۇم. ھەمدە بۇ ئالاھىدە جەريانلاردىن ناھايىتى ھەيران قالدىم ۋە ھاياجانلاندىم. كىتابتا ئېيتىلغان ھەسەل يىغىشنىڭ مۇھىم ئاملى ھەرىلەرنىڭ گۈل ۋە مېۋە غۇنچىلىرىدىن يىغىدىغان شىرنە دۇر.

كىتابتا ئىنتايىن بىر مۇھىم ئىش تىلغا ئېلىنغان. بۇ ئىش ھەسەل ئىشلەپ چىقىرىش ئۈچۈن قاتتىق ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ . مەسىلەن: بىر يېرىم كىلوگرام ھەسەل ئىشلەپ چىقىرىش ئۈچۈن 900 ھەرە پۈتۈن بىر كۈن ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. يەنە كىتابتا ھەيران قالارلىق ئىش تىلغا ئېلىنغان.

ھەرىلەر گۈل ۋە مېۋە غۇنچىلىرىدىن شىرنە يىغىدۇ. .



450 گرام ھەسەل ئىشلەپ چىقىرىش ئۈچۈن 17000 مىڭ ھەرە 10 مىليون گۈلنى يوقلايدۇ . بۇ ھەقىقەتەن ئۇلار ئۈچۈن ناھايىتى قىيىن خىزمەت. بۇنداق بولۇشىغا قارىماي ھەرىلەر قاتتىق ئىشلەپ كېرەك بولغان ھەسەل ئىشلەپ چىقىرىدۇ. لېكىن ئۇلار بارلىق ھەسەللەرنى ئۆزلىرى ئىشلىتىپ بولالمايدۇ ، لېكىن ئۇلارنى بىز ئىنسانلارغا تەمىنلەيدۇ.

نېمە دېگەن ھەيران قالارلىق، بەدىنى بىر نەچچە سانتىمېتىر كېلىدىغان بۇ كىچىك ھەرەلەر، ئىنتايىن قالتىس ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلايدىكەن . ئۇلارنىڭ بۇنداق ئەستايىدىل، ماھىر كۈچ- قۇۋۋىتىنىڭ مەنبەسى نېمە ؟ ئۇلار بۇنداق ئەستايىدىللىق ۋە خىمىيە ، ماتېماتىلىك ئىلىملەرگە قانداق ئىگە بولدى؟ نېمە ئۈچۈن ئۇلار بۇنداق قاتتىق ئىشلەپ ھەسەل ئىشلەپ چىقىرىدۇ؟

كىتابىمنى ئېلىپ دادامنىڭ قېشىغا باردىم. مەن ئۆگەنگەن ھەر بىر ئىشنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بېرىپ ، ھەرەلەر قانداق قىلىپ يۇقىرىقى ئىشلارنى تاماملايدۇ دەپ سورىدىم؟ دادام كۈلۈمسىرەپ، بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ «سەن توغرا ئېيتىسەن. بىز ھەرىلەرنىڭ ھاياتىدىن ئىنتايىن ئۇلۇغ ھېكمەتنى، ۋە سەنئەتنى كۆرۈۋاتىمىز . لېكىن ئۇلار پەقەت ھەرىلەرىدىلامۇ ؟ ئەمەلىيەتتە، كائىناتتىكى ھەر بىر



پەرۋەردىگارىڭ ھەسەل ھەرىسىگە ئىلھام بىلەن بىلدۈردى:» تاغلارغا، دەرەخلەرگە ۋە (كىشلەرنىڭ ھەسەل ھەرىلىرى ئۈچۈن) ياسىغان ئۆيلىرىگە ئۇۋا تۈزگىن (68). ئاندىن كېيىن، تۈرلۈك مېۋىلەر (يەنى گۈل - چېچەكلەر) دىن يېگىن، پەرۋەردىگارىڭنىڭ يوللىرىغا ئىتائەتمەنلىك بىلەن كىرگىن». ئۇنىڭ (يەنى ھەسەل ھەرىسىنىڭ) قارنىدىن ئىنسانلارغا شىپا بولىدىغان خىلمۇ - خىل رەڭلىك ئىچىملىك (يەنى ھەسەل) چىقىدۇ. بۇنىڭدا (الله نىڭ قۇدرىتىنىڭ چوڭلۇقىنى) پىكىر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئىبرەت بار (69).

-16)سۈرە نەھل -69 -68 ئايەتلەر)



ئۆمەر: دادام مەن ئەمدى تېخىمۇ چۈشەندىم. الله ھەرىلەرگە ئىلھام بىلەن بۇ ھەيران قالارلىق ئىشلارنى بىلدۈرۈپتۇ . الله بىزگە ئىنتايىن مېھرىبان ئىكەن، ئۇ ھەرىلەرگە بىزلەرگە پايدىلىق بولغان ھەسەللەرنى ئىشلەپ چىقىرىشنى ئىلھام قىلىپتۇ. الله نىڭ مېھرىبانلىقىنى تونۇش ئادەمنى نېمە دېگەن ھاياجانلاندۇرىدۇ ھە!..

دادا: ئەگەر سەن چۈمۈلىلەرنى ، پاشىلارنى ، تۆگىلەرنى ، قۇشلارنى، بىلىقلارنى ، گۈللەرنى، دەرەخلەرنى، يۇلتۇزلارنى، ئوكيانلارنى، قىسقىسى يەر شارىدىكى ھەر بىر نەرسىنى كۆزىتىدىغان بولساڭ ئۇلارنىڭ مۇكەممەللىكىنىڭ كۆرۈپ ئىنتايىن ھەيرانلىق ھىس قىلىسەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى كائىناتنىڭ ھەر بىر قىسمىنى بىر ئۇلۇغ ياراتقۇچىنىڭ باشقۇرۇپ تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مانا بۇلار سىنى، مىنى، ئاپاڭنى، ھەسەل ھەرىلىرىنى ، شاتۇتىلارنى، تۇشقانلارنى ، تىينلارنى ، پىلانىتلارنى ، كائىناتنى، قۇياشنى، باشقىچە قىلىپ ئېيتقان كائىناتتىكى ھەر بىر

نەرسنى ياراتقان الله نىڭ ماھارىتىدۇر. الله بارلىق نەرسلەرنىڭ پادىشاھىدۇر. ،



ھەممە ئىش الله نىڭ ئورۇنلاشتۇرىشى ۋە ئارزۇسى بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان. الله ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ ياراتقۇچىسى، ھەممە نەرسە الله نىڭ رۇخستى بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ. بىز بۇ ھايۋانلاردىن ئۇلۇغ الله نىڭ چەكسىز ئىلمىنىڭ كەڭلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز . ئەگەر ئەتراپىڭغا مۇشۇ نۇقتىدىن قاراپ باقىدىغان بولساڭ، تىزلا ئەتراپىڭدىكى مۆجىزىلەرنى بايقىيالايسەن .

دادام توغرا ئېيتىدۇ. ئەتراپىمىزدىكى ھەر بىر نەرسىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇلۇغ الله نىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى كۆرۈشىمىزدە قەتئىي شەك يوق. مەن ئۆز ئۆزۈمگە «الله ھەممىدىن قۇدرەتلىك، ھەممىدىن ھېكمەتلىك، ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچى» دېدىم . ئاخىرى سوئاللىرىمغا جاۋاب تاپتىم، ھەسەل ھەرىلىرى نامايان قىلغان بۇ ھىكمەتلەرگە ئۆزلىرى ئىگە بولالمايدۇ . ئۇلارنىڭ ئۇنداق ھېكمەتكە ئېگە بولىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان الله نىڭ ئىلھامى بىلەن بىزلەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدىن تاشقىرى ھەرىكەتلەرنى قىلالايدۇ.

مەن پۈتۈن بىر ھەپتىنى دادام، ئاپام، تاغام، دوستلىرىمغا ھەسەل ھەرىسى توغرىلىق سۆزلەپ بېرىش بىلەن ئۆتكۈزدۈم. ھەپتە ئاخىرىدا دادامدىن ئورمانلىقتا بېرىشنى سورىدىم.

**ئۆمەر:** بۇ ھەپتە ئاخىردا ئورمانلىققا بېرىپ ئايلىنىپ كېلەيلىچۇ دادا. بولامدۇ ؟

**دادا:** ئەمەلىيەتتە مېنىڭ ھەپتە ئاخىردا ئورمانلىققا بېرىش پىلانىم يوق ئىدى. ئەگەر سەن بېرىشنى خالىساڭ بارايلى.

مەن بۇنى ئاڭلاپ ناھايىتى ھاياجانلاندىم ۋە خۇشال بولدۇم. مەن ماڭا سۆزلىگەن ھېلىقى ھەرە بىلەن كۆرۈشسەم دەپ ئارزۇ قىلاتتىم.

بىز ئورمانلىققا يېتىپ كەلگەن ۋاقىتتا، تېخىمۇ ھاياجانلاندىم. ھەسەل ھەرىسى بىلەن كۆرۈشۈشكە ئالدىراپ، دادام بىلەن ئايلىنىشقا باشلىدىم. ئۇزۇنغا قالماي مەن ھەسەل ھەرىسى بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقان جايغا يېتىپ كەلدۇق، دادامغا مەن ئەتراپقا بىر قاراپ كېلەي دېدىم . دادام قوشۇلدى. ھەممە ماڭا تىزراق قايتىپ كېلىشىمنى ئەسكەرتتى. مەن ھەرە بىلەن ئۇچراشقان جايغا قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈردۈم. مېنىڭ دوستۇم ئۇ يەردە ئالللىقاچان مېنى ساقلاپ تۇرغان ئىكەن. ئۇنىڭ ئۇيەردە بىردەم مېنى ساقلاپ تۇرغانلىقى روشەن چىقىپ تۇراتتى.

**ئۆمەر:** ياخشىمۇسەن! مەن سېنى يەنە كۆرگەنلىكىمدىن خۇشالمەن !

ھەسەل ھەرىسى: مەنمۇ! قارشى ئالىمەن! سېنى كۆرگەنلىكىمدىن مەنمۇ خۇشال . مەن ساڭا بەرگەن ۋەدەمدە تۇرۇپ سېنى ھەرە كۇنىكىگە باشلاپ باراي.



**ئۆمەر:** بەك ياخشى بولدى! بىلەمسەن؟ مەن پۈتۈن بىر ھەپتىنى سېنىڭ ھەيران قالارلىق كۆنىكىڭنى ئويلاش بىلەن ئۆتكۈزدۈم. مەن ئۇنى كۆرۈش ئۈچۈن تۇرالماي قېلىۋاتىمەن.

بىرنەچچە قەدەم نېرىدا ئادەم ئىشەنگۈسىز

دەرىجىدە غوڭشۇلدىغان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئەگەر قېشىمدا دوستۇم ھەرە بولمىغان بولسا مەن ئۇ يەرگە بېرىشقا قەتئىي جۈرئەت قىلالمايتتىم . دوستۇم ھەرە ماڭا ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمەيدۇ دەپ ۋەدە بەرگەندە ئاندىن مەن ئۇنىڭغا ئىشەندىم.

دەرەخ غولىغا يېقىنلاشقانسېرى ، ماڭا غوڭۇلدىغان ئاۋاز ئاڭلىنىۋاتقان بولسىمۇ، ئىچىدە ئىنتايىن ياخشى تەرتىپنىڭ بارلىقىنى ئەسلەپ قالدىم. ھەسەل ھەرىلىرى بولسا كائىناتتىكى ئەڭ قاتتىق ئىشلەيدىغان ھايۋانلارنىڭ بىرسى ؛ ئۇلار بىردەم دەم ئالماستىن خىزمەت قىلىپ ئىنسانلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئىنتايىن تاتلىق ھەسەللەرنى ئىشلەپ چىقىرىدۇ. كىچىك دوستۇم ماڭا ھەسەل كۆنەكلىرىنى كۆرسەتتى. بۇ كۆنەكلەر ئالامەت ئوخشاش ياسالغان بولۇپ بۇنداق كىچىك جانلىقلارنىڭ مۇشۇنداق ئەڭ ياخشى قۇرۇلمىدا ياساپ چىقىشى ئادەمنى ھەقىقەتەنمۇ ھەيران قالدۇرىدۇ.

مەن كۆرگەن بۇ كۆنەك ئالتە تەرەپلىك شەكىلدە ياسالغان ئىكەن. ئۆتكەن ھەپتە مەن ماتېماتىكا دەرسىدە ، ئوقۇتقۇچۇمدىن ئالتە تەرەپلىك توغرىسىدا نۇرغۇن سوئاللارنى سورىغان. ئۇ ماڭا ئالتە تەرەپلىكنى ئىنتايىن چوڭقۇر چۈشەندۈرۈپ قويغان بولسىمۇ لېكىن يەنىلا بەزى سوئاللار خىيالىمدىن كەتمىگەن ئىدى.


مەن دوستۇمدىن ھەسەل ھەرە كۆنەكلىرىنىڭ ئالتە تەرەپلىك قىلىپ ياسىلىشىنىڭ كۆرسەتمىسى توغرىسىدا سورىدىم. ئۇ ماڭا ئارىمىزدىكى ياشقا ئەڭ چوڭ بولغان مويسىپىت ھەرە سوئالىڭغا ئەڭ ياخشى جاۋاب بېرەلەيدۇ . دېدى . ئاندىن مىنىڭ سوئالىمغا جاۋاب بېرىدىغان مويسىپىت ھەرىنى چاقىرىپ كەلدى.



**مويسپىت ھەرە:** بىز كۆنەكنى ئالتە تەرەپلىك قىلىپ ياساۋاتقان ۋاقتتا بىز ئالتە تەرەپلىكنىڭ بۇلۇڭلىرىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىمىز. بىز ھەر بىرسىنى 120 گرادۇس قىلىپ ياسايمىز. ئۇندىن باشقا كۆنەك ئېغىزىنىڭ يەر تەرەپكە بولۇپ قېلىشىمۇ ئىنتايىن مۇھىم. ئەگەر بىز بۇ نۇقتىغا دىققەت قىلماي خاتا كەتكۈزۈپ قويساق، كۆنەك مۇۋاپىق ھالەتتە بولمايدۇ، ھەممە بىز كۆنەكتە ساقلايدىغان بارلىق ھەسەل يەرگە تۆكۈلۈپ كېتىدۇ .

**ئۆمەر:** راستىنى ئېيتسام، مەن بۇ توغرىسىدا خەۋىرىم يوق بولغاچقا چۈشىنىش مەن ئۈچۈن ناھايىتى تەسكە توختىدى. ھەسەل ھەرىلىرى قانداق قىلىپ بۇ ھېسابلاشلارنى خاتاسىز ھېسابلىيالايدۇ ؟ سىلەر قانداق قىلىپ ھەبىر بۇرجەكنى 120 گرادۇس قىلىپ بەلگىلىيەلەيسىلەر ؟ ھەممە سىلەر بۇ كۆنەكلەرنى ياساۋاتقاندا ھېچقانداق قۇرال ئىشلەتمەي دىكەنسىلەر تېخى؟ مەن پۈتۈن بىر بەتكە گېئومېتىرىيەلىك شەكىل ۋە ئۆلچەملىك ئالتە تەرەپلىك سىزىپ سىناپ باققانلىقىم يادىمغا كېچىپ قالدى. مەن سىلەردىن ناھايىتى ھەيران مەن.

**مويسپىت ھەرە:** بىزدىن ھەيران بولما؛ بىز بۇ ئىشلارنى ئۆزلىگىمىزدىن قىلالمايمىز. بۇلار تۇغما ماھارەت. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىز بۇ ماھارەتلەر بىلەن تۇغۇلىمىز . بىز ھېچقانداق بىر ئىشتا ئۇنداق تەربىيىلەنمەيمىز .



مويسپيت ھەرە: ئەلۋەتتە بولىدۇ .

ئۆمەر: سىلەر نېمە ئۈچۈن كۆنەكلەرنى ئالتە تەرەپلىك قىلىپ ياسايسىلەر؟



ھەسەل ھەرىلىرى كۆنەك ياساۋاتقان ۋاقىتتا كۆنەكلەرنىڭ بۇلۇڭ گىرادۇرسلىرىنى خۇددى تەجرىبىلىك ئىنژىنېرلاردەك ھېساپلاپ چىقىدۇ. ئاخىرىدا بۇ ياسالغان كۆنەك ئىنژىنېرلارنى ھەيران قالدۇرىدۇ. شەكسىزكى بۇ كىچىك ھەرىلەر بۇنداق ھېسابلاشلارنى ئۆزلىكىدىن قىلالمايدۇ. كائىناتتىكى بارلىق جانلىقلارغا ئوخشاش ئۇلارمۇ ئۇلۇغ الله نىڭ ئىلھامى بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ.

مويسپيت ھەرە: مەن چۈشەندىم. سىنىڭ بىزنىڭ كۆنەكنى نېمە ئۈچۈن تۆت بۇرجەكلىك ، ياكى ئۈچ بۇرجەكلىك ، ياكى بەش بۇرجەكلىك ۋە ياكى سەككىز بۇرجەكلىك ياسىماستىن ئالتە بۇرجەكلىك ياسايدىغانلىقىمىزنى بىلگۈڭ بار ئىكەن. ئەگەر كۆنەكنى بۇنىڭدىن باشقا شەكىلدە ياسىساق كۆنەكلەرنىڭ ئارىسىدا بەزى ئىشلىتىلمەيدىغان بوش ئورۇنلار قېلىپ قالىدۇ. ئۇنداق بولغاندا بىزنىڭ ھەسەل ساقلاش مىقدارىمىز ئازلاپ كېتىدۇ . ھەمدە ئەجرىمىز ئىسراپ بولۇپ كېتىدۇ . ئەمەلىيەتتە بىز ئۈچ تەرەپلىك ياكى تۆت تەرەپلىك كۆنەكلەردىمۇ ھەسەل ساقلىيالايمىز ، لېكىن ئالتە تەرەپلىك بولسا ئايلانما ئۆزۈنلۇقى ئەڭ قىسقا شەكىل. بىز ئۈچ تەرەپلىك ۋە تۆت تەرەپلىك ياسىشىمىزدىن ئالتە تەرەپلىك

مەن قۇلىقىمغا ئىشەنمەيلا قالدىم. مەن بىر كىچىك ئوماق ھەرە ئىنجىنىرنىڭ دەرسىنى ئاڭلىغان ئىدىم. مېنىڭ يەنە سوراپ بىلىۋالىدىغان نۇرغۇن سوئاللىرىم بولسىمۇ، لېكىن كەچ كىرىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن مەن مويسىپىت ھەرە بىلەن خوشلىشىپ دادام تەرەپكە قاراپ ماڭدىم.

**ئۆمەر:** مەن سەندىن ۋە باشقا ھەرىلەردىن نۇرغۇن بىلىملەرنى بىلىۋالدىم. مەن ھازىر ھېس قىلدىمكى، مەن بۇرۇن مېنى ھاياجانغا سالىدىغان گۈزەللىكلەرنى پۈتۈنلەي بىلمەيدىكەنمەن. سەن ماڭا كائىناتتا ئەڭ ياخشى تەرتىپنىڭ بارلىقىنى ئۆگەتتىڭ .

ھازىردىن باشلاپ بۇ مۇكەممەللىكنى بارلىق كىشىلەرگە يەتكۈزۈش خىيالىغا كەلدىم. ساڭا كۆپ رەھمەت!

**ھەسەل ھەرىسى:** تارتىنما دوستۇم! بۇ مۇكەممەللىكنىڭ بىزگىلا خاس ئەمەسلىكىنى بىزنىڭ پەقەت ئىلھامىنىلا قىلالايدىغانلىقىمىزنى ئۇنتۇپ قالمىغىن. خۇداغا ئامانەت!





**هەسەل هەرىلىرى گۈل غۇنچىلىرىدىن هەسەل ئىشلەپ چىقىرىش ئۈچۈن**
**شىرنە يىغىۋاتىدۇ**

هەسەل هەرىسى بىلەن ئايرىلغان چاغدا دادامنىڭ مىنى چاقىرغانلىقىنى ئاڭلىدىم.
بەك كەچ بولۇپ كەتكەن ئىكەن. دادام تەرەپكە قاراپ ئالدىراپ يۈگۈردۈم. لېكىن مىنىڭ خىيالىم
تېخىچە كىچىك دوستۇمدا ئىدى. مەن ماشىنىغا چىقىشىمغىلا ، بىر كېپىنەكنى كۆردۈم. ئۇنىڭ قاناتلىرىنى
نېمە دېگەن رەڭگارەڭ ۋە گۈزەل ھە! مەن ئەتە مەكتەپ كۇتۇپخانىسىغا بېرىپ كېپىنەك توغرىسىدا



تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلدىم.




**بۇ بىرسى تېخى ئۇلۇغ الله ياراتقان بارلىق گۈزەللىكنىڭ ئۇمۇمىسى ئەمەس، مىنىڭ يەنە ئۇگىنىدىغان نۇرغۇن بىلىملەر باركەن!!**